
# «كودېكس ئالېكساندرىنۇس»

(مىسىردىكى كونا شەھەر
ئالېكساندرىيەدىن تېپىلغان)



بۇ نۇسخا لوندوندىكى «ئەنگلىيە چوڭ مۇزېيى»نىڭ «خەزىنە ئۆيى»دە كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بۇ كودېكس مىلادىيە 5-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا تەۋراتنىڭ گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسى ھەم ئىنجىلنىڭ كۆپ قىسمى پۈتۈلگەن (تەۋراتنىڭ گرېك تىلىدىكى بۇ تەرجىمە نۇسخىسى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200-يىلى ئىشلەنگەن. ئۇ «LXX» دېيىلىدۇ).

# «ئالەپپو كودېكس»

(تەۋراتتىكى «قانۇن شەھرى»نىڭ بىر قىسمى —
مىلادىيە 920-يىلى كۆچۈرۈلگەن). «كودەكس» دېگەن يازما بولسا،
ئورام شەكلى ئەمەس، بەلكى كىتاب شەكلىدىكى يازمىدۇر.



مەزكۇر «كودېكس» (كۆچۈرۈلمە كىتاب) 10-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن. بىز مۇشۇ كودېكستىن يەھۇدىي كۆچۈرگۈچىلەر ۋە پۈتۈكچىلەر (بەزىدە «ماسورىتلار» دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ كۆچۈرۈش خىزمىتىدىكى ئەستايىدىللىقىنى ۋە «كۆچۈرۈش ماھارىتى»نىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرەلەيمىز. قەدىمدە يەھۇدىي كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ «كۆچۈرۈش توغرىلىقى»غا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئىدى.
مىلادىيە 1948-يىلى تەۋراتتىكى قىسىملاردىن كۆچۈرۈلگەن تېخىمۇ قەدىمىي كۆچۈرۈلمە ئورام يازمىلار «ئۆلۈك دېڭىز»غا يېقىن كۇمران دېگەن جايدىن تېپىلدى. بۇلارنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200-يىلى دەپ ھېسابلانغان — دېمەك، ئۇلار «ئالەپپو كودېكس»تىن 1000 يىل ئىلگىرى پۈتۈلگەن. مۇشۇ «ئۆلۈك دېڭىزدىكى ئورام يازمىلار»نى «ئالەپپو كودېكس» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نەتىجىسى ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. دەرۋەقە، بۇ ئىككى كۆچۈرمە ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر بار؛ ئەمما پەرقلەر ئىنتايىن ئاز، شۇنداقلا ئۇششاق-چۈششەكتۇر. بۇ پاكىت يەھۇدىي «ماسورىت» كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئەستايىدىللىقىنى ۋە كۆچۈرۈش سەنئىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

# «پاپىرۇس 66»

(«پاپىرۇس بودمېر II») —
مىلادىيە 200-يىلى (66-بەت)



مەزكۇر پاپىرۇس، يەنى قومۇشتىن ياسالغان قەغەزگە يېزىلغان بۇ يازمە، كىتاب شەكلىدە (كودېكس) بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنجىلدىكى «يۇھاننا» دېگەن باياننىڭ چوڭ بىر قىسمى كۆچۈپ پۈتۈلگەن.

هازىر ئىنجىل قىسىملىرىدىن كۆچۈرۈلگەن 5686
قەدىمكى نۇسخا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە مىلادىيەدىن كېيىنكى 96-يىلى
ئەتراپىدا پۈتۈلگەن «يۇھاننا» (روسۇل يۇھاننا
بايان قىلغان، ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق خۇش
خەۋەر)نىڭ مىلادىيەدىن كېيىنكى 125-يىلى
ئورام يازما شەكلىدىكى بىر پاپىرۇسقا
كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بار كۆچۈرۈلگەن بىر
پاپىرۇس (قەغەز ئورام يازما) كۆچۈرۈلمىسى بار.
دېمەك، شۇ پاپىرۇس نۇسخىسى ئەسلىي كىتاب
پۈتۈلگەن ۋاقىتتىن تەخمىنەن 29-يىل كېيىن
كۆچۈرۈلگەن. پاپىرۇس ئەنگلىيەدىكى
مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى «يۇھاننا رىلاندس»
كۈتۈپخانىسىدا ساقلاقلىق.
(«پاپىرۇس» مىسىرلىقلار ئىجاد قىلغان،
قومۇشتىن ياسالغان قەغەزنى ھەم شۇنداق
قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن ئورام يازمىلارنى ياكى
كىتابلارنى كۆرسىتىدۇ)

# «پاپىرۇس 46»



مەزكۇر پاپىرۇس مىلادىيە 3-ئەسىردە كۆچۈپ پۈتۈلگەن، روسۇل پاۋلۇسنىڭ كورىنتتىكى جامائەتكە يازغان ئىككىنچى مەكتۇپىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.